# شنجاڭ گېزىتى

2019 - يىل 9 - ئاي
15
يەكشەنبە
维吾尔文 9月15日

شنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى　新疆日报网: www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65–0002/–W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1–57　ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com　24819 - سان　بۈگۈن 4 بەت


## شىنجاڭ كۆپ خىل تەدبىرلەر ئارقىلىق ئوتلاق، چارۋىچىلىق كەسپىنىڭ تېپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى ئالغا سىلجىتتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ئۈرۈمچى، 9 - ئاينىڭ 13 - كۈنى تېلېگراممىسى(مۇخبىر سۈن شاۋشيۇڭ)** كۆز كىرگەندىن كېيىن، شىنجاڭدىكى ئالتاي، ئىلى قاتارلىق جايلار ئارقا - ئارقىدىن ئوت - چۆپ ئورۇش پەسلىگە كىردى. ئىلگىرىكىگە ئوخشىمايدىغىنى شۇكى، ئوت - چۆپنىڭ كۆپىنچىسىنى چارۋىچىلار تېرىغان بولۇپ، نوقۇل ھالدا تەبىئىي ئۆستۈرۈشكە تايانمىدى. چارۋىچىلارنىڭ مۇقىم ئولتۇراقلاشتۇرۇلۇشى، چارۋىچىلىقتىن ئوتلاققا قايتۇرۇش، ئوتلاق بىلەن چارۋىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش قاتارلىق سىياسەتلەرنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا ئەگىشىپ، شىنجاڭنىڭ ئوتلاق، چارۋىچىلىق كەسپى يېشىل ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات يولىغا ماڭدى.

يېقىنقى ئىككى كۈندىن بۇيان، بۇرۇلتوقاي ناھىيەسى كۆكئاغاش يېزىسى كۆك يورغا كەنتىنىڭ ھاۋاسى ئوت - چۆپ ھىدى بىلەن تولغان بولۇپ، باقمىچىلىق چوڭ ئائىلىسى زەينەش ناۋبىت ئورۇپ قويۇلغان ئوت - چۆپنى تۆمۈر تىرنا بىلەن يىغىپ، ھەم ئېتىپ، ئېچىتىپ سىلوس ياساشقا تەييارلىق قىلدى.

«ئۆزىمىز ئوت - چۆپ تېرىساق، سىرتتىن سېتىۋالمايدىكەنمىز، بىر يىلدا نەچچە مىڭ يۈەن ئوت - چۆپ پۇلىنى تېجىگىلى بولىدىكەن ھەم ئوتلاقنى قوغدىغىلى بولىدىكەن، يەنە ياردەم پۇل، مۇكاپات ئالالايدىكەنمىز» دېدى زەينەش،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

## شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە —— يېڭى دەۋر، يېڭى نەتىجە، يېڭى سەھىپە

خاس يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ساياھەت تاۋارلىرىغا ئايلاندى

### ئاپتونوم رايونىمىز يېزا ئىگىلىكى بىلەن ساياھەتچىلىكنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتتى

مۇخبىرىمىز **شې خۇيبيەن** خەۋەر قىلىدۇ: «نۆۋەتتە، ئاقسۇ ۋىلايىتى چىلان، ياڭاق، ئالما، نەشپۈت قاتارلىق 13 يۈرۈش 200دىن ئارتۇق سورتتىكى باغ - ئورمان ساياھەت مەھسۇلاتىنى يېتىشتۈرۈپ، مەملىكەت بويىچە 2000دىن ئارتۇق خاس باغ - ئورمان مەھسۇلاتىنى سېتىش تور نۇقتىسى قۇرۇپ چىقتى.» يېقىندا، ئاپتونوم رايوننىڭ خاس يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى، ساياھەت تاۋارلىرىنى ئېچىش بويىچە نەق مەيدان ئىلگىرى سۈرۈش يىغىنىدا، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ ئەزاسى، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى چاڭ يۈشۈەن يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللەر بىلەن بۇ خۇش خەۋەردىن ئورتاقلاشتى.

ئاقسۇدىن باشقا يەنە كۈنەس ناھىيەلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ھاكىم باقتجان خالمبېكمۇ خۇش خەۋەر ئېلىپ كەلدى: بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا كۈنەس ناھىيەسىنىڭ «ئالاقە تورى + ساياھەتچىلىك + يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى» تور سۇپىسى بۆسۈش خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەشنى قولغا كەلتۈردى، نارات تور سودا شەھەرچىسى ۋە ئىككى O2O (توردىن تور سىرتىغىچە) سىناق سارىيىنىڭ سېتىش كىرىمى 7 مىليون يۈەندىن ئاشتى.

يېزا ئىگىلىك رايونلىرى مەنزىرە رايونىغا ئۆزگەردى، ئېتىزلىقلار باغچىغا ئۆزگەردى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى تاۋارغا ئۆزگەردى، دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرى مېھمانخانىغا ئۆزگەردى… يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ساياھەتچىلىك كەسپىنىڭ تېز تەرەققىياتى خاس يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ۋە ساياھەت تاۋارلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشى، سېتىلىشىنىڭ جانلىنىشىغا تۈرتكە بولدى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى جايلار بۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، دىققەتنى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

## ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي　بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش

ئاپتونوم رايون ئاممىنىڭ مەنپەئىتىگە سەل قاراش، زىيان يەتكۈزۈش مەسىلىلىرىنى مەخسۇس تۈزەش خىزمىتىنى پۇختا قانات يايدۇردى

### ئامما ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئەڭ بىۋاسىتە، ئەڭ رېئال مەنپەئەت مەسىلىلىرىنى كۈچەپ ھەل قىلدى

**مەخسۇس تۈزەش**

مۇخبىرىمىز **لى چۈنشيا** خەۋەر قىلىدۇ: مەكتەپ ھەم مەكتەپ ئەتراپىنىڭ يېمەكلىك بىخەتەرلىكىگە قانداق كاپالەتلىك قىلىش كېرەك؟ شەھەر - يېزا تۆۋەن كاپالەتتە ھېلىھەم «ئادەمگەرچىلىك تۆۋەن كاپالىتى» «مۇناسىۋەت تۆۋەن كاپالىتى» ھادىسىسى مەۋجۇتمۇ - يوق؟ ھۆكۈمەت ئىجارە ئۆيى ساھەسىدە قائىدىگە خىلاپ تەقسىم قىلىش قاتارلىق مەسىلىلەر ۋاقتىدا ھەل قىلىندىمۇ - يوق… باش تېما تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز ئاممىنىڭ مەنپەئىتىگە سەل قاراش، زىيان يەتكۈزۈش مەسىلىلىرىنى مەخسۇس تۈزەش خىزمىتىنى پۇختا قانات يايدۇرۇپ، ئامما ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئەڭ بىۋاسىتە، ئەڭ رېئال مەنپەئەت مەسىلىلىرىنى كۈچەپ ھەل قىلدى. 8 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، ئاپتونوم رايون بويىچە خەلق تۇرمۇشى ساھەسىدە ئاممىنىڭ مەنپەئىتىگە سەل قاراش، زىيان يەتكۈزۈش مەسىلىسىدىن 808ى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، 881 كىشى بىر تەرەپ قىلىندى.

«بىز 'ئاممىنىڭ مەنپەئىتىگە سەل قاراش، زىيان يەتكۈزۈش مەسىلىلىرىنى مەخسۇس تۈزەش توغرىسىدىكى يولغا قويۇش لايىھەسى'نى تۈزۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى ئورگىنى باشلامچى بولغان، مەخسۇس تۈزەشتىكى باشلامچى ئورۇن ۋە قاتناشقان ئورۇنلار ئەزا ئورۇن بولغان مەخسۇس تۈزەش خىزمەت مېخانىزمى ئورنىتىپ، ئاممىنىڭ مەنپەئىتىگە سەل قارايدىغان، زىيان يەتكۈزىدىغان قىلمىشلارنى چۆرىدەپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ مەخسۇس تۈزەشنى قانات يايدۇرۇپ، ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

### ئاپتونوم رايون ئاپتونوم رايونغا قاراشلىق ئالىي مەكتەپ پارتكوملىرىنىڭ باش تېما تەربىيەسىدىكى سىياسىي مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش سۆھبەت يىغىنى ئاچتى

مۇخبىرىمىز **لى ياڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 9 - ئاينىڭ 13 - كۈنى، ئاپتونوم رايون ئاپتونوم رايونغا قاراشلىق ئالىي مەكتەپ پارتكوملىرىنىڭ «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىدىكى سىياسىي مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش سۆھبەت يىغىنى ئاچتى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مائارىپ خىزمىتى كومىتېتىنىڭ شۇجىسى لى پېڭشىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى، ئۇ مۇنداق تەكىتلىدى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

شىنجاڭ گېزىتخانىسى يېڭى تاراتقۇلىرى سىپى

新疆头条 APP　微信公众号　新疆日报网　天山网 APP

## سەلتەنەتلىك 70 يىل　كۈرەشچان يېڭى دەۋر

«كەچۈرۈم قىلىش، مۇكاپاتلاش، ياردەم پۇلى بېرىش، قەرز بېرىش، ياردەم تولۇقلىمىسى بېرىش» كۆپ بىر گەۋدىلەشتى

# ئاپتونوم رايونىمىز ئوقۇغۇچىلارغا ئىقتىسادىي ياردەم بېرىش سىياسىتىدە «ئوقۇش تولۇق قاپلاش»نى ئىشقا ئاشۇردى

**كەسپ مۇۋەپپەقىيەتلىرى توغرىسىدا زىيارەت**

مۇخبىرىمىز **جاۋ شيا** خەۋەر قىلىدۇ: «دۆلەتنىڭ ئوقۇغۇچىلارغا ئىقتىسادىي ياردەم بېرىش سىياسىتىنىڭ مېنىڭ ئالىي مەكتەپ ئارزۇيۇمنى ئىشقا ئاشۇرۇشۇمغا ياردەم بەرگەنلىكىگە رەھمەت» دېدى 9 - ئاينىڭ 11 - كۈنى شىنجاڭ مالىيە - ئىقتىساد داشۆسى 2 - يىللىقنىڭ ئوقۇغۇچىسى خۇرشىدە مەممەت مىننەتدارلىق بىلەن.

خۇرشىدەنىڭ ئۆيى ئۈچتۇرپان ناھىيەسىنىڭ ئاقيار بازىرىدا بولۇپ، ئائىلىسىدە ئالتە جان بار، ئاكىسى ۋە ئىنىسى مەكتەپتە ئوقۇيدۇ، ئائىلىسىنىڭ ئىقتىسادىي يۈكى بىرقەدەر ئېغىر. بۇلتۇر، ئالىي مەكتەپكە قوبۇل قىلىنغانلىق ئۇقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، خۇرشىدە 6000 يۈەنلىك دۆلەت ئوقۇشقا ياردەم بېرىش ئۆسۈمسىز قەرز پۇلىنى ئىلتىماس قىلىپ ئالدى.

ئوخشاشلا، ئوقۇغۇچىلارغا ئىقتىسادىي ياردەم بېرىش سىياسىتىدىن مەنپەئەتلەنگەن، بۇلتۇر ئاقسۇ كەسپىي تېخنىكا شۆيۈەنىنىڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپىنى پۈتتۈرگەن پاتەم قۇربان «ئۈچ كەچۈرۈم، بىر ياردەم» بويىچە ئوقۇغۇچىلارغا ئىقتىسادىي ياردەم بېرىش سىياسىتى (ياتاق ھەققىنى كەچۈرۈم قىلىش، دەرسلىك ھەققىنى كەچۈرۈم قىلىش، ئوقۇش ھەققىنى كەچۈرۈم قىلىش، ھەر يىلى 2000 يۈەن تۇرمۇش ياردەم پۇلى بېرىش)نىڭ مەدەتتە، ئوقۇشنى ئوڭۇشلۇق تاماملىدى. بۇ گۈنكى كۈندە، ئۇ ئاقسۇ خۇافۇ رەڭلىك توقۇمىچىلىق چەكلىك شىركىتىنىڭ خىزمەتچىسىگە ئايلاندى، ئايلىق مائاشى 3000 يۈەندىن ئاشىدىغان بولۇپ، ئائىلىسىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ كىرىمنى ئاشۇرۇشىغا كۈچ قوشتى.

خۇرشىدە، پاتەمگە ئوخشاش ئوقۇغۇچىلار ئىقتىسادىي ياردەم بېرىش سىياسىتىنىڭ ياردىمىدە ئائىلىسى نامرات تۈمەنلىگەن ئوقۇغۇچى ئوقۇشنى تاماملىدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئوقۇغۇچىلارغا ئىقتىسادىي ياردەم بېرىش سالمىقى يەنىمۇ ئاشتى، ئىقتىسادىي ياردەم بېرىش سىياسىتىنىڭ قاپلاش كۆلىمى يىلدىن - يىلغا كېڭەيدى، ئىقتىسادىي ياردەم سوممىسى، ئىقتىسادىي ياردەم بېرىلىدىغانلارنىڭ سانى يىلدىن - يىلغا ئاشتى. ئىستاتىستىكا قىلىنىشىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ئوقۇغۇچىلارغا ئىقتىسادىي ياردەم بېرىش مەبلەغ سېلىنمىسى 2007 - يىلىدىكى 136 مىليون يۈەندىن 2018 - يىلىدىكى 5 مىليارد 854 مىليون يۈەنگە كۆپىيىپ، 40 ھەسسە ئاشقان.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

**رەقەم ئارقىلىق شىنجاڭنى سۆزلەش**

### 10 مىڭ گېكتارلىق ئاشلىق ئېتىزى مول ھوسۇل يىلىنى كۈتۈۋالدى

يېزا ئىگىلىكى مۇقىم بولسا، جاھان تىنچ بولىدۇ. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان، بولۇپمۇ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن تارتىپ ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىنىڭ باشلىرىغىچە، شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش ئاساس، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش ئاساسىي كەسىپ قىلىندى. 1983 - يىلىدىن باشلاپ، ئاشلىق يۆتكەپ كېلىش تارىخىغا خاتىمە بېرىلدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭدا كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئاشلىق 440 كىلوگرام ئەتراپىدا بولۇش ساقلىنىپ، ئۆزىنى تەمىنلەپ ئېشىنىشتىن باشقا، يەنە ئىچكىرىدىكى ئۆلكە، رايونلارغا ئاز مىقداردا يۆتكەلدى، ئەتراپتىكى دۆلەتلەرگە ئېكسپورت قىلىندى. 2018 - يىلى، شىنجاڭنىڭ پۈتۈن يىللىق ئاشلىق تېرىلغۇ كۆلىمى 33 مىليون 294 مىڭ 600 مو، ئاشلىق ئومۇمىي ھوسۇلى 15 مىليون 42 مىڭ 300 تونىنا بولدى.




☐ سانلىق مەلۇماتنىڭ كېلىش مەنبەسى: ئاپتونوم رايونلۇق ئىستاتىستىكا ئىدارىسى
☐ ئىسخېما تۈزگۈچى: جاڭ يۈك

## بىزنىڭ بايرىمىمىز . جۇڭچيۇ



**بوغدا كۆلى ساياھەتچىلەر بىلەن لىق تولدى**

9 - ئاينىڭ 13 - كۈنى، نۇرغۇن ساياھەتچى تيانشان بوغدا كۆلى مەنزىرە رايونىدا ساياھەت قىلماقتا. ☐ جوۋ يۈڭچياڭ فوتوسى



**چوڭ بازار قىزىپ كەتتى**

9 - ئاينىڭ 14 - كۈنى كەچتە، شىنجاڭ خەلقئارا چوڭ بازار مەنزىرە رايونىدا ساياھەتچىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. ☐ مۇخبىرىمىز جوۋ پېڭ فوتوسى

شىنجاڭ ياخشى جاي

### جەم بولۇش ئەڭ بەختلىك　ناخشا ئېيتىپ مول ھوسۇلنى تەبرىكلەش

—— «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق كادىرلار، قوشماقلىشىپ تۇغقانلاشقان كادىرلار ھەر مىللەت ئامما بىلەن بىرلىكتە بايرام ئۆتكۈزدى

«جۇڭچيۇ بايرىمى مەدەنىيىتىگە جەم بولۇش ۋە مول ھوسۇل ئېلىشتىن ئىبارەت گۈزەل مەزمۇن مۇجەسسەملەنگەن. بۇ يىلقى جۇڭچيۇ بايرىمىدا، «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق كادىرلار، كەنتلەرگە، ئائىلىلەرگە كىرگەن قوشماقلىشىپ تۇغقانلاشقان كادىرلار ۋە ھەر مىللەت ئامما بىرلىكتە تۈرلۈك شەكىلدىكى جۇڭچيۇ بايرىمىنى تەبرىكلەش بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇردى، كادىرلار بىلەن ئامما، تۇغقانلار جەم بولغاندىكى بەختتىن، مول ھوسۇل شادلىقىدىن ئورتاق بەھرىمەن بولدى.

■ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى چۈشىنىش

«بىز دەرھال مىنخۇەن يېمەكلىك پىششىقلاش زاۋۇتىغا بارايلى، ئاڭلىسام ئۇ يەردە جۇڭچيۇ بايرىملىق يۆبىلىڭ پىشۇرۇش بويىچە تەربىيەلەش قانات يايدۇرۇلۇۋېتىپتۇ!» دېدى 9 - ئاينىڭ 13 - كۈنى چۈشتىن كېيىن خوتەن شەھىرىنىڭ جىيا يېزىسى شاتى مەھەللە كەنتىنىڭ ئاھالىسى مەتيۈسۈپ روزىمەمەت ئالدىرىغىنىچە قوشنىسىغا.

جۇڭچيۇ بايرىمىدا، شاتى مەھەللە كەنتىدە پىشۇرۇلغان يۆبىڭنىڭ بازىرى ئىتتىك بولدى، شىنجاڭ قۇرۇلۇش شۆيۈەنىنىڭ شاتى مەھەللە كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت ئەزالىرى ۋە كەنت ئاھالىلىرى بىرلىكتە كەنتتىكى مىنخۇەن يېمەكلىك پىششىقلاش زاۋۇتىغا كېلىپ بىللە يۆبىلىڭ پىشۇردى، جۇڭچيۇ بايرىمىنىڭ بارلىققا كېلىشى ھەققىدە سۆزلەشتى، يۆبىلىڭ پىشۇرۇش جەريانىنى ئىگىلەپ خۇشاللىققا چۆمدى.

«جۇڭچيۇ بايرىمى جەم بولۇش بايرىمى، بۇنداق پائالىيەتلەرنى تەشكىللەش كەنت ئاھالىلىرىگە جۇڭچيۇ بايرىمىغا مۇناسىۋەتلىك مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگىنىپلا قالماستىن،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)